# 304204 - مەسىھ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

## سوئال

مەسىھ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟، بۇ سۆزنىڭ ئىسلامدىكى ئەھمىيىتى قانداق؟ بۇ سۆزنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشارەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

مەسىھ دېگەن سۆز؛ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىمى بولۇپ، ئالىملارنىڭ بايان قىلىشىچە ئىسا ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى بىر قانچە قاراشلارغا كۆرە بۇ لەقەم بىلەن ئاتالغان:

1-ئاللاھ تائالا ئۇنى گۇناھتىن پاك قىلغان.

2- ئۇ بەرىكەتلىك قىلىنغان.

3-ئىسا ئەلەيھىسسالام مېيىپ-كېسەللەرنى سىلاپ قويىسا ساقىيىپ كېتەتتى دېيىلگەن. ["تەپسىر تەبەرى"5-توم 409-بەت. مەككىينىڭ" ئەل ھىدايە" 3-توم 1013-بەتكە قارالسۇن].

"ئىبنى ئەتىيە" 1-توم 436-بەتتە مۇنداق دېگەن: "كىشىلەر مەسىھ دېگەن سۆزنىڭ تۈرلىنىشى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشتا بولدى: بەزى كىشىلەر بۇ ئىنسان بىر يەرلەرگە بارسا ۋە ئەتراپنى كەزسە، زېمىندا ساياھەت قىلدى ۋە قىلدۇ دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن .

كۆپچىلىك كىشىلەر بولسا: پەئىيل ئۆلچىمدىكى مەسىھ دېگەن سۆزدىن دېگەن. مەسەھە دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىش شەكلىدە ئوخشىمىغان قاراشتا بولدى: بىر قىسىم ئالىملار: يەر كۆلىمى-بوشلۇق- دېگەن مەنىدە مۇشۇنداق ئاتالغان، چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام خۇددى زېمىننى ئۆلچىگەندەك ماڭاتتى.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: مەسىھ دەپ ئاتىلىشى: ئىسا ئەلەيھىسسالام ساقايمىغان مېيىپ-كېسەللەرنى- قولى بىلەن سىلاپ قويىسا دەرھال ساقىيىپ كېتەتتى. بۇ قاراشتا: پەئىيل دېگەن ئۆلچەمگە ئاساسەن قىلغۇچى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئىبنى جۇنەير: ئىسا ئەلەيھىسسالام بەرىكەت بىلەن سىلانغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان دەيدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار: ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇقەددەس-پاك-ماي بىلەن سۈرتۈلگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان دەيدۇ، بۇ قاراشتا: پەئىيل دېگەن ئۆلچەمگە ئاساسەن قىلىنغۇچى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

يەنە بەزى ئالىملارنىڭ: ئاللاھ ئۇنى سىلاپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇناھتىن پاك بولغان دېگەن قارىشى بويىچمۇ قىلىنغۇچى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئىبراھىم نەخەئى: مەسىھ دېگەن راستچىل-سەممىي دېگەن بولىدۇ دەيدۇ. ئىبنى جۆبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلغان ئەسەردە: سىلاش ئىگىسى دەپ ئاتالغان، چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈكلەرنى تىرگۈزۈش ۋە باشقا مۆجىزىلەرگىمۇ ئىگە بولغان دەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئاجىز-ھۆججەتلىككە يارىمايدىغان قاراش، ئىبنى ئابباس دېدى دېگەن سۆز توغرا ئەمەس".

ھەممىدىن توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.